# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلمۇھسىن ئىبنى مۇھەممەد قاسىم

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ أخلاق النبي صلى الله عليه وسلم ﴾

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ عبد المحسن القاسم

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى

2011-يىلى 07-ئاينىڭ 15-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈز مىڭلىغان مۇسۇلمانلارغا «مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگىنىشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەۋلادلىرىنى ھەممە تەرەپتىن بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن ۋە پەزىلەتلىك قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىسىنى پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىككە تاللىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالامدۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدئەلەيھسسالام بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن تاللىغان كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام پۈتۈن ھاياتىدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، شۈكرى قىلىش، دەۋەت قىلىش، ئەزىيەتلەرگە سەبرى قىلىش ئارقىلىق، ئېسىل-ئەخلاق، گۈزەل مەدھىيىلەرگە سازاۋەر بولدى. ئىنسانىيەتكە ياخشىلىقتا تولغان گۈزەل سىيرەت، تەڭداشسىز خىسلەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان بارچە

ياخشىلىقتا چاقىردى ۋە بارلىق رەزىللىكتىن ئاگاھلاندۇردى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىغا ئۆزى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەندە ھەرقانداق ياخشىلىق بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ سىلەردىن ساقلاپ قالالمايمەن.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدا، مەككە ھاياتىنى ئەڭ بۈيۈك ئىشلاردىن بولغان تەۋھىد كەلىمىسىگە چاقىرىش بىلەن داۋاملاشتۇردى. تەۋھىد چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىغانلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئەبەدىي جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ساپا تېغىغا چىقىپ قۇرەيش قەبىلىسىگە قاراپ: «ئاللاھ يەككە-يېگانە بىر دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىڭلار، نىجاتلىقتا ئېرىشىسىلەر» دەپ جاكارلىدى.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھقا كۆپ ئىبادەت قىلاتتى، ھەتتا كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ پۇت ۋە قەدەملىرى ئىششىپ كېتەتتى، بەزى ۋاقىتلاردا بىر رەكەت نامازدا بەقەرە، ئال-ئىمران ۋە نىسا سۈرىلىرىنى تىلاۋەت قىلاتتى، مۇڭلۇق ئاۋازدا قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى، ئاللاھتىن ناھايىتى بەك ئەيمىنەتتى، نامازدا تۇرغىنىدا ئاللاھتىن قورققىنىدىن يىغى بېسىپ، قەلبىدىن قازان قاينىغاندەك ئاۋاز ئاڭلىناتتى، تىلى دائىم ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ ھەرۋاقىت ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىپ تۇراتتى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازنى بەك ياخشى كۆرەتتى، نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى، ئۆسمۈر ساھابىلارنىمۇ نەپلە نامازلارنى ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك ئىدى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكىگە چەكسىز ئىشىنەتتى، ئاغرىپ قالسا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ شىپالىق تەلەپ قىلاتتى، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ھۆرمەت قىلاتتى، باشقىلارنىڭ ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ماختىشىنى ياقتۇرمايتتى، چوڭ-كىچىك ھەممە كىشىنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلاتتى، كىچىكلەرنىڭ قەلبىگە كەمتەرلىك ئۇرۇقىنى سىڭدۈرەتتى، ساھابىلەرگە تەلىم بەرگەندە ئۇلارغا مېھرى-مۇھەببەت قىلاتتى، ئۇلارغا قوپاللىق قىلمايتتى، بەلكى ئۇلارغا ئاتا-ئانىسىدىن چارە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ياشلارغا بەك مۇلايىم، كۆيۈمچان ئىدى، قوپال-ناچار سۆز قىلمايتتى، ھايا قىلىشتا سەبى قىزلاردىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى، ھاياتىدا ھېچ كىشىنى قولى بىلەن ئۇرمىغان، دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، ئۇرۇغ-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىدىغان، سەمىمى، راستچىل، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلىدىغان بۈيۈك پەزىلەت ساھىبى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئائىشىغا كۆيۈمچان ئىدى، ئۇ ئائىشىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا يىغلاپ كەتتى، ئەتراپتىكىلەرمۇ تەڭ يىغلىدى.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى، دىلى يۇمشاق، قول-چۆرىلەرگە مېھرىبان ئىدى، ئاجىزلار، ياشانغانلار ۋە بىمارلارغا كۆيۈنەتتى، ئىنسانلارغا بەك كەڭ قورساق ئىدى، خەير-ئېھسانني كۆپ قىلاتتى، بىر نەرسە سورىغان كىشىنى قۇرۇق قايتۇرمايتتى، پاكىزە-ھالال نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلاتتى، يېمەك-ئىچمەكتە شەكىلىك نەرسىلەردىن بەك ئېھتىيات قىلاتتى. يېشى كىچىك ساھابىلارنىمۇ ئىززەت-ئىكرام قىلاتتى، بىرەرسى ئاغرىپ قالسا يوقلاپ باراتتى ۋە ئۇنىڭغا يەتكەن دەرد-ئەلەملەردىن بىئارام بولاتتى، ئۇلارغا قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە پەزىلەتلىرىنى ئۇنتۇمايتتى. باشقىلارنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىشتا رەسۇلۇللاھ ئىنسانىيەتكە نەمۇنىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاخىرقى قېتىم مۇنبەرگە چىقىپ: «ئەنسارىلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ئۇلار مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلدى، ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇكاپاتلاشلا قالدى، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىڭلار، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار.» [بۇخارى رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خەدىچە ئانىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتى، سېخىلىقىنى ئۇنتۇمايتتى، ئۇنىڭ دائىم ئەسلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېقىن-يورۇقلىرىنى يوقلايتتى، دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلاتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغان ياخشى خىزمەتلىرى ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىدىغان كىچىك ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تاقاپ پەقەت ئۇنىڭ ئىشىكىنى تاقىمىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئائىلە ـتاۋابىئاتلىرىغا بەك كۆيۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، بالا-چاقا، نەۋرىلەرگە مېھرىبان ئىدى، قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇئەنھا يېنىغا كىرسە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى، نەۋرىسى ھەسەننى بويىنىغا مىندۇرۇپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]. دەپ دۇئا قىلغان. ساھابىلەرنىڭ يېنىغا قىز نەۋرىسى ئۇمامىنى بويىنىغا مىندۇرۇپ چىقىپ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگەن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھاياتىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بەردى، ئاچلىقتىن قورساقلىرىغا تاش تېڭىۋالاتتى، يېتىملىك ھالىتىدە ئۆسۈپ يېتىلدى، ئۆز ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قەبىلىسىدىن ئەزىيەت يېدى، يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئۈچ يىل مەككىدىكى بىر جىلغىدا مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن ئىمبارگو يۈرگۈزۈلدى (يەنى چەكلىمە ئىچىدە ياشىدى).

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدى، ئۈممىتىدىن ئۇنىڭغا ۋاپا قىلغانلار ئۇنىڭغا ئىشەندى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلىدى ۋە قوللىدى، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلدى ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىدىن ياندى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سىيرەتلىرىنى ئوقۇش ۋە توغرا يولىنى تونۇش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى: باشقىلارنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان تەۋھىد، ئىمان، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ياخشىلىققا چاقىرىشتۇر. ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشلىرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغان كىشى ئۇتۇق قازىنىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ.

مۇسۇلمان ئۈچۈن ساغلام ئەقىدىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ بارلىق تەقەززالىرىغا ئەگىشىش، رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى ياشاش مېتودى قىلىپ بەلگىلەشتىن گۈزەلراق ئەخلاق بولمىسا كېرەك.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى جانابى رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ھاياتىمىزدا ئۈلگە قىلىپ ياشاشقا مۇيەسسەر قىلىشنى سورايمىز.